## 9412 ـ خەتنە قىلىش ، ئۇنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ۋە ئەھكاملىرى

### سۇئال

بىزگە خەتنە قىلىشنىڭ نىملىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى بايان قىلىپ بىرەلەمسىز ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن

ئىبنۇ قەييىم ( ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم ـ شەپقەت قىلسۇن) بوۋاقلارنىڭ ئەھكاملىرى ھەققىدە تۇھفەتۇل مەۋدۇد فى ئەھكام ئەل مەۋدۇد ناملىق بىر قىممەتلىك كىتابنى يازغان . بۇ كىتاپتا ئۇ خەتنە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ھەققىدە بىر مول باب يىزىپ چىققان . تۆۋەندىكىسى بولسا بىر قىسىم باشقا ئالىملارنىڭ ئىلاۋىلىرىنى قوشۇپ ئۇنىڭ خۇلاسىسى .

1ـ خەتنە قىلىشنىڭ مەنىسى :

ئىبنۇ قەييىم مۇنداق دىگەن :

خەتنە بولسا خەتنە قىلغۇچىنىڭ ھەركىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىم . ئۇ يەنە خەتنە قىلىنىش ئورنىنى ئىپادىلەشكىمۇ قوللىنىلىدۇ ، خۇددى ھەدىيستە كەلگەندەك : ئىككى خەتنە ( ئىككى خەتنە قىلىنغان ئورۇن) ئۇچراشسا ، غۇسلە ۋاجىپ بولىدۇ . ھەمدە ئۇ ئايال جىنسىغا نىسبەتەن خەفز دەپ ئاتىلىدۇ . ئەرگە نىسبەتەن يەنە ئىئىزار دەپمۇ ئاتىلىدۇ . خەتنىسى قىلىنمىغان كىشى ئەغلەف ياكى ئەقلەف دىيىلىدۇ .

[ تۇھفەتۇل مەۋدۇد، 1152 ]

2ـ خەتنە قىلىش بولسا ئىبراھىيم ۋە ئۇنىڭدىن كىيىنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتى :

بۇخاري ( 6298) ، مۇسلىم( 2370) ئەبۇ ھۇرەيرىدىن نەقىل قىلىدىكى ، پەيغەمبەر(ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم ـ شەپقەت قىلسۇن) مۇنداق دىگەن : ئىبراھىيم خەتنىسىنى 80 ياشقا كىرگەندە ئۆزى قىلغان ، ھەمدە ئۇ كەكە بىلەن خەتنىسىنى قىلغان .

كەكە( قەدۇم) بولسا ياغاچچىلارنىڭ سايمىنى ؛ دىيىلىدىكى ، قەدۇم بولسا سۈرىيەدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى .

ھافىز ىبن ھەجەر مۇنداق دىگەن :

" ھەدىيستە تىلغا ئىلىنغان نىمىنىڭ سايمانلىقىنى كۆرسىتىشى بەكراق ئىھتىمالغا يىقىن . ئەبۇ يەئىلا نەقىل قىلىدىكى ، ئەلىي ىبن رەباھ مۇنداق دىگەن : " ئىبراھىيم خەتنىسىنى قىلىشقا بۇيرۇلغان ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەتنىسىنى ئۆزى كەكە بىلەن قىلغان ھەمدە ئۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئەلەملىك بولغان . ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ ۋەھيي قىلغان : بىز ساڭا نىمە سايمان ئىشلىتىشنى ئىيتىشتىن بۇرۇن ، ئۇنى قىلىشقا ئالدىراپ كەتتىڭ . ئۇ : ئى پەرۋەردىگار ، مەن سىنىڭ بۇيرۇقۇڭغا ئىتائەت قىلىشنى كىچىكتۈرۈشنى خالىمىدىم . دىگەن .

ئىبنۇ قەييىم مۇنداق دىگەن :

خەتنە قىلىش بولسا ئاللاھ ئۆزىنىڭ يىقىن دوستى ئىبراھىمنى سىنىغان نەرسىلەرنىڭ بىرى ئىدى . ئۇ ئۇلارنى پۇختا قىلدى ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنى ئىنسانلارنىڭ رەھبىرى قىلدى . نەقىل قىلىنىدىكى ،يۇقۇردا تىلغا ئىلىنغاندەك ، ئۇ خەتنىسىنى قىلغان بىرىنچى كىشى . سەھىيھتە دىيىلگىنى بولسا ئىبراھىم 80 يىشىدا ئۆزىنىڭ خەتنىسىنى قىلدى . ئۇنىڭدىن كىيىن ، خەتنە قىلىش پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدا ھەتتا مەسىيھگىچە داۋاملاشتى . ئۇ خەتنىسىنى قىلغان ھەمدە خىرىستىئانلار ئۇنى ئىتراپ قىلىدۇ ، ئۇنى ئىنكار قىلمايدۇ ، شۇنىڭدەك ئۇلار ئۇنىڭ چوشقا گۆشىنى ... ھارام قىلغانلىقىنى ئىتراپ قىلىدۇ .

[ تۇھفەتۇل مەۋدۇد ، 158−159 ب ]

بىراق ئالىملار خەتنە قىلىشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە ئىختىلاپلاشتى .

پىشىۋا ئىبنۇ ئۇسەيمىين مۇنداق دىگەن :

" ئەڭ توغرا قاراش شۇكى ،ئۇ ئەرلەرگە ۋاجىپ ، ئايالالارغا سۈننەت . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ، ئۇ ئەرلەرگە نىسبەتەن ، نامازنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى بولغان پاكلىنىشقا پايدىسى بار ، چۈنكى بۇ تىرە ئىلىۋىتىلمىگەندە ، سۈيدۈك زەكەر تۆشۈگىدىن چىققاندا تۇرۇپ قالىدۇ ۋە يىغىلىپ قالىدۇ ، ھەمدە ھەر قىتىم ھەركەت قىلغاندا كۆيۈپ ئىچىشىش ۋە ياللۇغلىنىشقا سەۋەپ بولىدۇ ، ياكى بۇ تىرە سىقىلسا ، سۈيدۈك چىقىپ ئۇنى نىجاسەت قىلىدۇ .

ئايالغا نىسبەتەن ، ئۇنىڭ جىنسىي شەھۋىتى پەسەيتىشتىن ئىبارەت پايدىسى بولىدۇ . بۇ بولسا كامالەتنى ئىزدەش بولۇپ ، مەلۇم زىيانلىق نەرسىنى يوقۇتۇش ئەمەس .

] شەرھى مۇمتىئ، 1 133−134 ]

بۇ بولسا ئىمام ئەھمەدنىڭ قارىشى . ئىبنۇ قۇددامە مۇغنىي دا( 1115)مۇنداق دىگەن : " خەتنە قىلىش بولسا ، ئەرلەرگە نىسبەتەن ۋاجىپ ، ھەمدە ئايالالارغا ياخشى ئىش ، بىراق ئۇلارغا ۋاجىپ ئەمەس . "

3− ئورنى :

ئىبنۇ قەييىم( ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھىم−شەپقەت قىلسۇن ) مۇنداق دىگەن :

ئەبۇ بەرەكە غايە ناملىق كىتابىدا مۇنداق دىگەن : " ئەرلەرنىڭ خەتنىسىنى قىلىشتا ، زەكەر ئۇچىدىكى تىرە كىسىپ ئىلىۋىتىلىدۇ . ناۋادا ئۇ پەقەت ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىلىۋەتسە ، بۇ بولىدۇ . ئايالنىڭ خەتنىسىنى قىلىشتا بەك ئوي ئىلىۋەتمەسلىك ياخشى . نەقىل قىلىنىدىكى ، ئۇمەر بىر ئايالالارنىڭ خەتنىسىنى قىلغۇچى ئايالغا : " ناۋادا بىرسىنىڭ خەتنىسىنى قىلساڭ ، ئۇنىڭ بىرقىسمىنى قالدۇرۇپ قوي . " دىگەن . خەلال جامىئى سىدا : خەتنە قىلغاندا نىمىنىڭ كىسىلىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دىگەن :"مۇھەممەد بىن ھۇسەيىن ماڭا فەزىل بىن زىيادنىڭ ئۇلارغا مۇنداق دىگەنلىكنى ئىيىتتى : ئەھمەدتىن : خەتنە قىلغاندا قانچىلىك كىسىلىدۇ ؟ دەپ سورالدى . ئۇ : " زەكەر ئۇچى كۆرۈنگىچە ." دەپ جاۋاپ بەردى .

ئىبنۇ سەبباغ شامىل دا مۇنداق دىگەن : " ئەرگە ۋاجىپ ئىش بولسا زەكەر ئۇچىدىكى تىرىنى تاكى ئۇنىڭ ھەممىسى ئىچىلىدىغان بولغىچە كىسىش . ئايالغا نىسبەتەن ، فەرجىنىڭ يۇقۇرى تەرىپىدىكى ئىككى جىنسىي لەۋ ئارىسىدىكى خورازنىڭ تاجىغا

ئوخشايدىغان تېرىنى كېسىش ھەمدە ئۇ كېسىۋېتىلسە ئۇنىڭ خورما ئۇرۇقىغا ئوخشاش يىلتىزى قالىدۇ .

نەۋەۋىي مۇنداق دېگەن :

ھەممىگە تونۇلغا توغرىسى بولسا زەكەر ئۇچىنى ئوراپ تۇرغان تېرىنىڭ ھەممىسىنى كېسىش ۋاجىپ . [ مەجمۇئې، 1351 ]

جۇۋەينى مۇنداق دېگەن : ھەدىس كۆرسىتىدۇكى ، ئاياللغا نىسبەتەن ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى كېسىۋېتىلمەيدۇ ، چۈنكى ئۇ : كۆتۈرلۈپ تۇرغان نەرسىنى قالدۇرۇپ قوي ، ئۇنى بەك ئوي كېسىۋەتمە ! دېگەن .

[ تۇھفەتۇل مەۋدۇد ، 190–192 ]

خۇلاسە ، ئەرلەرگە نىسبەتەن زەكەر ئۇچىنى يۆگەپ تۇرغان ھەممە تېرە كېسىۋېتىلىشى لازىم . بىراق ئاياللارغا نىسبەتەن پەقەت فەرجىنىڭ( تاشقى جىنسىي ئەزا) يۇقۇرى تەرپىدىكى خورازنىڭ تاجىغا ئوخشايدىغان تېرىنىڭ بىر قىسمى كېسىۋېتىلىدۇ .

4– خەتنە قىلىشتىكى ھېكمەت :

ئەرگە نىسبەتەن ، ئۇ خەتنىسىنى قىلدۇرمىغىچە ، سىيدۈكتىن پاكلىنالمايدۇ ، چۈنكى سىيدۈك تامچىلىرى خەتنىلىكنىڭ ئاستىغا يىغىلىۋالىدۇ ھەمدە ئۇ سىيدۈك تامچىلىرىنىڭ ئىقىپ چىقىپ كىيىمى ۋە بەدىنىنى مەينەت قىلىۋېتىشىدىن بىخەتەر بولالمايدۇ .

شۇڭا ئابدۇللاھ بىن ئەبباس خەتنە قىلىش ئىشىدا چىڭ بولغان . ئىمام ئەھمەد مۇنداق دېگەن : " ئىبنۇ ئەبباس ئۇ ئىشتا بەك چىڭ ئىدى . ھەمدە نەقىل قىلىنىدىكى ، ئۇنىڭغا ، يەنى خەتنىسىنى قىلمىغان كىشىگە ھەج يوق ، نامازمۇ يوق . " [ مۇغنىي ، 1115 ]

ئايال كىشىگە نىسبەتەن خەتنە قىلىشنىڭ ھېكمىتى بولسا ئۇنىڭ جىنسىي شەھۋىتىنى تەڭشەش بولۇپ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۆتىدىل بولىدۇ .

ئىسلام پېشىۋاسى ئىبنۇ تەيمىيە دىن ئايال كىشى خەتنىسىنى قىلامدۇ –يوق ؟ دەپ سورالغاندا ، ئۇ مۇنداق دېگەن : مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن . شۇنداق ، خەتنىسىنى قىلىدۇ . ھەمدە ئۇنىڭ خەتنىسى بولسا خورازنىڭ تاجىغا ئوخشايدىغان يۇقارقى تەرەپتىكى تېرىنى كېسىش . ئاللاھ ئەلچىسى خەتنە قىلغۇچى ئاياللغا : كۆتۈرلۈپ تۇرغان نىمىنى قالدۇرۇپ قوي ،ھەمدە ئۇنى بەك ئوي كېسىۋەتمە . ئۇ ئۇنىڭ چىرايىنى تىخىمۇ نۇرلاندۇرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئېرىگە تېخىمۇ يېقىشلىق بولىدۇ . دېگەن . چۈنكى ئەركىشىنىڭ خەتنىسىنى قىلىشتىكى مەقسەت – ئۇنىڭ خەتنىلىكى ئاستىغا يىغىلىۋالىدىغان نىجاسەتتىن ئۇنى پاكلاش . بىراق ئاياللىنىڭ خەتنىسىنى قىلىشتىكى مەقسەت – ئۇنىڭ جىنسىي شەھۋىتىنى تەرتىپكە سېلىش ، چۈنكى ئاياللىنىڭ خەتنىسى قىلىنمىسا ، ئۇنىڭ جىنسىي شەھۋىتى كۈچلۈك بولىدۇ . شۇڭا "خەتنىسى قىلىنمىغان ئاياللىنىڭ ئوغلى "دەيدىغان سۆزلەر تىللاشتا ئىشلىتىلىدۇ ، چۈنكى خەتنىسى قىلىنمىغان ئايالدا كۆچلۈكرەك جىنسىي شەھۋەت بولىدۇ . شۇڭا بۇزۇق ئىشلار تاتار ۋە فىرانسۇز ئاياللىرى ئارىسىدا كۆپ يۈزبېرىدۇ . ئەگەر خەتنىسىنى قىلىش بەك ئوي بولۇپ كەتسە ، جىنسىي شەھۋەت پۈتۈنلەي سۇسلاپ كېتىدۇ ، بۇ ئەرلەرنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ . ئەگەر ئۇ بەك ئوي كېسىۋېتىلمىسە ، مەقسەت ئىشقا ئاشىدۇ ، يەنى جىنسىي شەھۋەت مۆتىدىللىشىدۇ .

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .

[ فەتىۋالار توپلىمى ، 21114 ]

5- خەتنە قىلدۇرغانغا ھەق بېرىشكە بولىدۇ .

ئىبنۇ قۇددامە مۇنداق دېگەن :

" خەتنە قىلدۇرۇش ، ۋە تىببىي داۋالاشقا پۇل بېرىشكە بولىدۇ . بىز بۇ مەسىلىدە ھېچقانداق ئىختىلاپى قاراشنى بىلمەيمىز ،چۈنكى ئۇ بىر ئېھتىياجلىق ، ھەمدە شەرىئەتتە رۇخسەت قىلىنغان ئىشنى قىلغانىكەن ، باشقا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارغا ئوخشاش ئۇنىڭغا ھەق ئېلىشقا بولىدۇ .

[ مۇغنىي ، 5314 ]